


مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

# شەرقىي تۈركىستان

ŞARKİ TÜRKİSTAN DOĞU TÜRKİSTAN

ئايلىق سىياسىي گېزىت

1996

11 - ئاي

21 - سان

ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزى نەشر قىلدى


## نۆۋەتتە، شەرقىي تۈركىستانلىقلار نىمە قىلىش لازىم

بىزنىڭ باش مەقسىتىمىز: شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش.

ئۇلۇغ ئۇستازىمىز، بۈيۈك مۇجاھىدىمىز رەھمەتلىك مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا رەھمەتلىك ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن مۇستەقىللىقنى ئاخىرقى نىشان قىلىپ، پۈتۈن ئۆمۈرنى ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا، شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا ئاز-تولا ئۇقۇمغا ئىگە بولغان بولسا، بۇ تامامەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ كۆرەشتىكەن پەۋقۇلاددە خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

داۋامى 2 - بەتتە

## تىبەتلىكلەر جياڭ زېمىنغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى

(ئىستانبۇل «تۈركىيە گېزىتى»نىڭ بۇيىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈندىكى خەۋىرى). كوممۇنىست خىتاينىڭ پارتىيە رەئىسى جياڭ زېمىن ھىندىستانغا قىلغان زىيارىتىدە شۇ دۆلەتتىكى تىبەت مۇھاجىرلىرىنىڭ قاتتىق قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. 60 مىڭغا يېقىن تىبەتلىك ھىندىستاننىڭ پايتەختى يېڭى دېھلىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ قەغەز ھەيكىلىنى كۆيدۈردى. نامايىشچىلار كۈچلۈك شۇئارلار توۋلاپ، كوممۇنىست خىتاي دائىرىلىرىنىڭ تىبەت خەلقىگە سېلىۋاتقان دەھشەتلىك زۇلمى، زوراۋانلىقى، مۇستەبىتلىكىنى پاش قىلدى ۋە لاما دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، تىبەت خەلقىنىڭ دىنىي داھىيسى دالاي لامانىڭ لامالىق مەرتىۋىسىنى قول ئاستىدىكى 6 ياشلىق بالىغا ئۆتكۈزۈۋالغانلىقىغا قارشى يوقىرقى سۈرەتتىكى كۆرۈنۈشنى بايان قىلدى.

جياڭ زېمىننىڭ بۇقېتىمقى ئوتتى يېپىق زىيارىتى، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ھىندىستانغا قىلغان تۇنجى قېتىملىق زىيارىتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.




## سەمىمىي غەمخورلۇق



ئۆز خەۋىرىمىز: تۈركىيىدىكى 140 شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ تۈركىيە ۋەتەنداشلىقىغا قىلغان مۇراجىئەتى بۇيىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تەستىقلىنىپ، مۇراجىئەت قىلىشنى باشلىغاندىن كېيىن، گېزىتىمىز ساھىبى ئارسلان ئالپتېكىن، باش مۇھەررىر شاھمىل تبوقۇرت (كۆك بۆرى) 20 كىشىلىك ھەيئەت تەشكىللەپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيەت رەئىسى ۋە بۇ ئىشقا ئالاقىدار بولغان ئورۇنلارنىڭ ھۆكۈمەت، دۆلەت رەھبەرلىرىگە رەھمەت بىلدۈرۈشنى ئىلتىماس قىلغانىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشتى. 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئەنقەرەدىن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى سۇلايمان دېمىرەل، دۆلەت باشلىقى نامىق كامال زەيبەك شۇنچە ئالدىراشلىق ئىچىدە ۋاقىت چىقىرىپ، 20 كىشىلىك ھەيئەتنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ھەيئەتلەر بۇ سەمىمىي غەمخورلۇقتىن، قەلبىدىكى چەكسىز ئىپتىخارلىق ھەم ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى باسالمىدى.

جۇمھۇرىيەت رەئىسى سۇلايمان دېمىرەل ئۆزى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە دۆلەت سارىيىنىڭ چەتئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش زالىدا ئىستانبۇلدىن كەلگەن ھەيئەتلەرنى قوبۇل قىلدى. ئۇ كارامەت كىچىك پېئىل، خۇشخۇي، روھلۇق ئادەم ئىكەن. ئۇ ھەممىمىزنى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قول سىقىشىپ، «خوش كەلدىڭلار» دەپ قىزغىن قارشى ئالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، سۆھبەت ئۇستىلىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ئارسلان ئالپتېكىن زۇلۇم تارتىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالەتەن تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ غەمخورلۇقى ۋە ھىمايىسىگە چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، تەشەككۈر ئېيتتى.

سۇلايمان دېمىرەل شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ سالىمى ۋە رەھمىتىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپ مۇنداق دېدى: «... تۈركىيە سىزلەرنىڭ ئۆز يۇرتىڭلار، تۈركىيىنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىقى ئۆز بايرىقىڭلار، تۈركىيىدە تۇرۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆز يۇرتىڭلاردا قانداق ئەركىن بولساڭلار، تۈركىيىدىمۇ شۇنداق ئەركىن بولۇڭلار، ھەرگىز ئۆزەڭلارنى يات كۆرمەڭلار». ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بىر ئۇلۇغ ھەم ئەقىللىق ئادەم ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىشى، نۆۋەتتە

داۋامى 3 - بەتتە

## مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن سەھىپىسى

# ئۇستاز روھى - بەش قىبلىنامە

ياسىن ھۇشۇر

ھاياتىنى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە بېغىشلىغان كۈرەشچى رەھمەتلىك ئۇلۇغ ئۇستازىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پات - پات تەكرارلايدىغان تۆۋەندىكى ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش پرىنسىپلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن.

رەھمەتلىك ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولى توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭغا قارىتا خەلقىمىز ئىچىدىكى بەزىبىر خاتا چۈشەنچىلەردىن خالى بولالمىدۇق. بۇخىل ناتوغرا چۈشەنچىلەردە بولغانلارنىڭ قارىشىچە، گويا ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى نوقۇل خەلقئارا دىپلوماتىك ھەرىكەت دائىرىسىدە چەكلەپ قويغان. بۇخىل قاراش، ئۇلۇغ ئۇستازىمىزنىڭ ئىرادىسىنى توغرا ئىپادىلىشىمىزگە، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەت پرىنسىپلىرىنى ئىجرا قىلىشىمىزغا مەلۇم توسالغۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

ئۇ، 1994 - يىل 5 - ئاي ئىچىدە قىلغان بىر قېتىملىق سۆزىدە ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە ئۈمىدۋار بولۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى؛ بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى - ۋەتىنىمىزدىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل قوغلاپ چىقىرىپ، مىللىي ۋە ھەقىقىي مۇستەقىللىقىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش. بىز ھەربىر ئىشىمىزدا ئەنە شۇ ئاخىرقى مەقسەت ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشىمىز دىلا، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلەردىن بولغان بولىمىز، شۇندىلا ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىمىزنى ۋەتىنىمىز توپراقلىرى ئىچىدە كەڭ قانات يايدۇرۇپ، خەلقىمىزنى ئويغىتالىغاندىلا ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئاساسىغا ئىگە بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قولىدىن كېلىدىغان بارلىق چارىلەرنى، ئىمكانلىرىنى تولۇق ئىشقا سالىدىغان پىداكارلىق روھىغا ئىگە كىشىلەرنى بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بىزنىڭ خەلقىمىز ئىنتايىن ئەقىللىق ۋە ئىنتايىن باتۇر خەلق.

رەھمەتلىك ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بۇ سۆزى ئارقىلىق شۇلارنى ئىشارەت قىلىدۇ.

1 - مىللىي ۋە ھەقىقىي مۇستەقىللىقىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشتە ۋەتىنىمىز توپراقلىرىدىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشتىن باشقا چىقىش يولى يوق.

2 - بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋەتىنىمىز خەلقى ئىچىدە تېخىمۇ يۈكسەلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ( مىللىي مۇستەقىللىق ) ھەرىكەت دولقۇنىنى قوزغاش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش.

3 - بۇخىل ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىدە ھەربىر ۋەتەنداش قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى، بارلىق چارە - تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالىدىغان ھالەتنى پەيدا قىلىش.

4 - دۈشمەننى ئەڭ كۈچلۈك خاتىرجەمسىز قىلىدىغان، قاتتىق قورقىتىدىغان، قاچۇرىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىلەردىن تولۇق پايدىلىنىش.

5 - پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىتتىپاق قىلىش، باراۋەرلىك ۋە بىرلىك ئىچىدە، ئىزچىل تۈردە ھەرىكەت قىلدۇرىدىغان كۈرەش يولىغا يېتەكلەش.

يۇقىرىقى بۇ بەش نۇقتىلىق ھەرىكەت مىزانى بىزنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىدىن ئاخىرغىچە ۋاز كېچىشىمىزگە بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مانا بۇ مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن روھىدۇر ۋە ئۇستاز روھىدۇر!

بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار بۇ 5 نىزامىنى ئۆزىنىڭ پائالىيىتىگە يېتەكچى قىلىشى، ئەمەلىيەتتە ئويلىشىپ كۆرۈشى لازىم. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مىللىي، ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، قولىدىن كېلىدىغان قايسى ئىشلارنى قىلىپ، قايسى ئىشلارنى قىلالمىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئەمەلىيەتتە ئويلىشىپ كۆرۈشكە توغرى كېلىدۇ. بەلكىم ئەتىگە قالساق بەكلا كېچىكىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغۇچى مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك ئىستامبۇلدىن سامسۇنغا ئاتلىنىش ئالدىدا ئۇنىڭغا بىر خەۋەر كېلىدۇ - مۇستاپا كامال سەپەر قىلغان پاراخوت يول ئۈستىدە دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋېتىلمۇن! بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاتاتۈرك ھەمراھلىرىغا مۇنداق دەيدۇ: ئىستامبۇلدا قالساقمۇ مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن دەرھال ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىمىزدىن شەك - شۈبھە يوق، ئازاتلىق يولىغا ئاتلانساقمۇ ئالدىمىزدا ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرىدۇ، ھامان ئۆلىدىكەنمىز، يەنە نېمىنى ساقلايمىز؟ ھامان بىر ئۆلۈم. سامسۇنغا ئالغا!

ئاتاتۈرك ئەنە شۇنداق جىددىي ۋەزىيەت ئاستىدا يا ئۆلۈم، يا مۇستەقىللىق دەپ كەسكىن قارار بىلەن جەڭگە ئاتلانغان ئىدى. ئۇنداقتا بىز، نېمە ئۈچۈن؟ قاچانغىچە...؟



مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن 1992 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيەت رەئىسى ۋە 30 نەچچە يىللىق قەدىناس دوستى سۇلايمان دېمىرال بىلەن بىرگە.



رەھمەتلىك ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن 1994 - يىل 13 - ئۆكتەبىر ئۆز تەشەببۇسى بىلەن تەرتىپلەنگەن كوممۇنىست خىتايغا قارشى ئاخبارات يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى باشلىقى رىزا بەكىن پاشا ( سولدىن 2-كىشى)، شەرقىي تركستان كۆچمەنلەر دەرنىكى باشلىقى ئابدۇۋەلى جان (ئوڭدىن 2-كىشى)، ئىخلاس ھولدىڭ تۈرك دۇنياسى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى سەرۋەت كاباكلى (سولدىن 1-كىشى) ۋە ئوغلى ئارسلان ئالپتېكىن بىلەن بىرگە. ئۇ ھەر يىلى مۇنداق يىغىنلارنى تەرتىپلەشنى ھەرگىز قالدۇرمايتتى.

# ئىسلام ئاساسلىرىدىن - رامىزان روزىسى ھەققىدە

ئەنەس ئالىم

ھىجرىيە يىل ھىسابى بويىچە 9 - ئاي رامىزان ئېيىدۇر. ئاللاھ، رامىزان ئېيىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد پەيغەمبەرگە قۇرئاننى نازىل قىلغان. شۇڭا، رامىزان مۇقەددەس ئاي ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئايدا مۇسۇلمانلارغا روزا تۇتۇش بۇيرۇلغان.

روزا ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان بەندىلىرىگە بەلگىلەپ بەرگەن شاھادەت، ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش پەرىزدىن بىرىدۇر. قۇرئاندا رامىزان ئېيى داۋامىدا ئاللاھ مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىزگە قۇرئاننى ۋەھيى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ 30 كۈن روزا تۇتۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۆز نەپسىنى تەقۋالىق بىلەن كۈچلەندۈرۈش، ھەۋەس ۋە شەھۋەتلىرىنى يېڭىش ئۈچۈن تاڭنىڭ ئاقىرىشىدىن كۈن پاتقىچە (شام-غىچە) بىر نەرسە يەپ - ئىچىش (شورا، سۇ ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ)، ئەر ئايال يېقىنلىشىش قاتارلىقلاردىن ئۆزىنى ساقلاش ئارقىلىق شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن روزا تۇتۇشنىڭ شەرتلىرىنى ئادا قىلغان ئىبادەت روزا تۇتقان بولىدۇ. ئىبادەتنى ئادەتتىن ئايرىش ئۈچۈن، قەلبىدە بىر ئىشنى قىلىشقا ئىككىلەنمەستىن جەزمىي ئىرادە قىلىش نىيەت دېيىلىدۇ.

ھامىلدار ۋە ئېمىۋاتقان بالىسى بار ئاياللار، ئېغىر كېسەللەر، سەپەرگە چىققانلار... رامىزاندا روزى يېيىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

روزا تۇتۇش مۇسۇلمانلارنى گۇناھتىن ساقلايدۇ، ساۋاب ئېرىشتۈرىدۇ. چۈنكى روزا ئاللاھقا مۆمىننىڭ ئەگەشكۈچى ۋە ئىتائەت قىلغانلىقى بولۇپ، توگىمەس ساۋاب بېرىلىدۇ. روزا پەقەت ئاللاھ ئۈچۈندۇر، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، بۇ ئىتائەت ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

روزا تۇتۇش بىلەن مۆمىننىڭ ئىشى ئاللاھ يولىغا قويغان ھەق ئۈستىدە توغرى بولىدۇ، بۇنداق بولىشى روزا تەقۋالىقنى ئاشۇرىدۇ. تەقۋالىق دېگەن، ئىلاھىيەت بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش، چەكلىمىلەردىن يېنىش دېمەكتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر، تەقۋادار بولۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە روزا پەرىز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرىز قىلىندى».

روزا بولسا چوڭ بىر ئەخلاق مەكتىپى بولۇپ، مۆمىن بۇ مەكتەپتە كۆپ خىسلەتلەرگە ئادەتلىنىدۇ ۋە كۆنىدۇ. چۈنكى، روزا نەپسكە قارشى كۆرەش قىلىش، كۆڭۈل ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە ۋە شەيتان ۋەسۋەسىلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىشتۇر. ھەمدە روزا بىلەن ئىنسان بەزى مەھرۇم قالغان نەرسىلەرگە ۋە بەزى يۈز بەرمەيدىغان قورقۇنچلارغا سەۋرى قىلىشقا ئادەتلىنىدۇ. چۈنكى، روزا تۇتقان كىشى پىشىپ پۇرسىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان مىزىلىك تائاملارنى

مەيدىسىنىڭ مۇيىنىنى قوزغايدىغان خۇش پۇراق يېمەكلەرنى ۋە كۆ رىنگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان، پارقىراپ تۇرىدىغان ئاتلىق سو سۇنى ئېچىپ، ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋاقتىغا ئىنتىزار قىلىپ تۇرىدۇ ھېچ بىرىگە يېقىن بارمايدۇ.

روزا تۇتۇش ساغلاملىقنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە ئاللاھنىڭ ن رەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، روزا تۇتقۇچىغا لاھتىن باشقا كۆزەتكۈچى يوق.

روزا تۇتۇش ئىرادىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئىنساننى ھەيۋەتلىك ق دۇ، سەبرى قىلىشنى ئۆگىتىدۇ، نەپسىنى ساپلاشتۇرۇشقا، تېز پىكىر بولۇشقا ۋە ئۆتكۈر پىكىرلەردىن ئىلھام ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇن بىلەن روزا تۇتقان كىشى بوغالىق قىلىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ، ب زى ۋاقىتلاردا يۈز بېرىدىغان ئىرادىسىزلىك، ئۆزىنى ئاشلىق پت غان ئەھۋاللاردىن خالى بولۇشقا ئۆتىدۇ.

روزا تۇتۇش مەشرىق ۋە مەغرىبتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىسسى بىر ل سەزدۈرىدۇ. مەسىلەن، پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىر ۋاقىتتا روزا تۇتىدۇ، ب ۋاقىتتا ئىپتار قىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ رەببى بىردۇر، ئىبادىتى دۇر.

روزا تۇتۇش ئىنساندا ئىچ ئاغرىتىش، قېرىنداشلىق تۇيغۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىنى باغلايدىغان ھەمكارلىشىش، ياردەملىشىش ناسىۋەتنى ھىس قىلىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلىدۇ. يەنى روزا ت قان ئادەم ئاچلىقنى ۋە ھاجەتنى سېزىش بىلەن باشقىلارغا رەھىم لىشنى، يېتىملىك، ئاچلىق، كېمەل ئاپەتلىرىنى يوقىتىشقا كە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئى ناسىۋەت كۈچىيىدۇ ۋە ھەممە ئادەم جەمئىيەتتىكى كېمەل ھالەتل كە قارشى چارە تېپىشقا ھەمكارلىشىدۇ.

روزا تۇتۇش ئىنساننىڭ ھاياتىنى يېڭىلاش بىلەن كونا خۇجەيرىلەرنى تاشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىنساننىڭ ئاشقازان ۋە ھەزىم ق ئورگانلىرىغا راھەت بېرىدۇ، تەننى ساقلايدۇ؛ بەدەندە توختاپ قال قالدۇقلاردىن (ئارتۇق ياغلاردىن) ھەزىم قىلىنماي قالغان تائا دىن ۋە يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەيدا بولغان بۇزۇلۇشلاردىن پاكى لىكلەردىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «روزا تۇتۇڭلار، ساق سالامەت بولىسىلەر». ئەرەب دوختۇرى ھەرىس ئىبنى كىلدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاشقازان كېسەللىكنىڭ ئۆيىدۇر، ساقلىنىش (پەرھىز تۇتۇش) ھەر داۋانىڭ بېشىدۇر».

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، روزا - يارىتقۇچىمىزغا بەدەن لەن قىلىنىدىغان بۈيۈك بىر ئىبادەتتۇر. روزىنىڭ ئەجرىسىنى ئاللا شەخسەن ئۆزى بېرىدۇ.

بىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرتسىز مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىل مىز. مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتقىچە كۈرەش قىلىمىز ۋادىن ھېچقاچان ۋاز كەچمەيمىز. «يا مۇستەقىللىق، يا شەھىد ب ئۆلۈم!».



## ئاپتونومىيە سەپسەتىسى

بېشى 9 - بەتتە

ۋاسىغا خوكۇمران بولۇشنى ئۆز ۋۇجۇدىدىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بۇ كىشىلەر، خىتاينىڭ ئۆزگەرمەس ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئاپتونومىيە مۇستەبىتلىكىدىن قىلچە خەۋىرى يوقمۇ-قانداق؟ تۈركىيىدە تۇرۇپ تۈركىيىدىكى خىتاي باش ئەلچىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئاپتونومىيە رايونى دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرۈۋاتقىنىدىن خەۋىرى يوقمىدۇ؟ ئادەمنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئاپتونومىيىنى ھەم خىتايلار قوبۇل قىلىدىكەن ھەم شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى پەش قىلىدىغان بۇ كىشىلەرمۇ قوبۇل قىلىدىكەن.

ئەپەندىلەر، بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىڭلار! ئاپتونومىيە سەپسەتىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى قۇتقۇزۇش مۇمكىن ئەمەس. سىلەر تەلەپ قىلغان ئاپتونومىيە ھەقلىرىنى خىتايلار ئاللىقاچان ئاساسىي قانۇنىدا ئېلان قىلغان. دېمەككى، سىز ھېچقاچان تارىخ ئوقۇماپسىز، ياكى ئوقۇغان بولسىڭىزمۇ تارىخقا ھۆرمەت قىلىشنى خالىمايسىز. خىتايغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئىنساپلىق كۆرۈنگەن ئېنگلىزلارنىڭ، روسلارنىڭ تەرغىپ قىلغان ئاپتونومىيىسىدىن دەرس ئېلىشنى ئۆگەنمىگەنسىز، سىلەرنىڭ بۇ سەپسەتەڭلار خىتاينىڭ يەۋاتقان نېنىغا ياغ سۈرۈشتىن باشقا رول ئوينىمايدۇ، ھالاس!

# ئەدەبىيات سەھىپىسى



## ئۆچمەس چىراق

### مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنگە ئاتايمەن

ئەمەتجان مەمتىمىن

ئىدىڭ سەن خەلقىڭگە ئۆچمەس بىر چىراق ،
قويۇلغاچ قەلبىڭگە ۋەتەن ئىشتىياق .
خەلقىڭ ئۈمىدى سەندىلام ئىدى .
ئارمانىڭدا كەتتىڭغۇ بىزدىن بەك يىراق .

تارتتىڭ مەن ئۆمرۈڭگە شۇنچە مۇشەققەت ،
خىتاينىڭ زۇلمىغا قىلمىغاچ تاقەت .
خەلقىڭگە ئۆگەتتىڭ كۈرەش مارشىنى .
ئىزلىرىڭ خەلقىڭگە مىراس تائەبەت .

ۋەتىنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ كۈل بولەۋۈڭ ،
بىر ئۆمۈر ۋەتەن دەپ يىغلىغىنىڭ كۆتتىڭ .
تاغلار چە توسالغۇ ئالدىڭدا تۇرسا ،
ئىرادەڭ تاغلارنى تىتىرىتىپ ئۆتتۈڭ .

بىر ئەسىر ۋەتەن دەپ ھەسرەتتە ئۆتتۈڭ ،
مىللەتنىڭ غېمىدا ئۆھلىماي تۈنەۋۈڭ .
قىلمىدىڭ خەلقىڭگە ئەسلا بىر مىننەت ،
ۋەتەننى ، مىللەتنى شۇ قەدەر سۆيدۈڭ .

دۇنياغا ئاڭلاتتىڭ مىللەت دەردىنى ،
تونۇتتۇڭ ھەممىگە ئۇيغۇر ئەملىنى .
تۇتقازدىڭ مىللەتكە ئاي يۇلتۇز تۇغنى ،
كۆرسەتتىڭ خەلقىڭگە ھەقىقەت يولىنى .

ۋەتىنىڭ ،خەلقىڭگە بولۇپ سەن چىراق ،
يورۇتتۇڭ مىللەتنىڭ چۈشكۈن قەلبىنى .
پولاتتەك ئىرادەڭ بولدى نامايەن ،
يەتمەستىن ئارمانىغا ئۆچتۈڭمۇ چىراق .

ياق ، سەن ئۆچمىدىڭ خەلقىڭ ئويغاندى ،
خەلقىڭگە تۇتقازدىڭ ئۆچمەس بىر چىراق .
ئىزلىرىڭ خەلقىڭنى باشلايدۇ ئەبەت ،
مىللەتنىڭ قەلبىدە سەن مەڭگۈ ھايات .

## « مۇخەممەس »

ئۇيغۇر ئوغلى

قاچاندىن بېرى چىلبۆرە ۋەتەنگە ھۆكۈمران بولدى،
خەلقىنىڭ ھال كۈنى دەھشەت خاراپلاشتى يامان بولدى،
زۇلۇمنىڭ دەستىدىن يىغلاپ يۈرەگى لەختە قان بولدى،
بۇلاقلار قاغجىراپ ئۈسسۈز زىرائەت گاڭ سامان بولدى.
ھۆقۇش سايراپ گۈلىستانلار ۋاقىتسىز خازان بولدى.

ئانا تۇپراقنى بۇ ئىپلاس ناپاك ئاستى قىلىپ كەلدى،
خەلقىنىڭ باشىدا ھەدەپ زۇلۇمنى قايناتىپ كەلدى،
ئېزىپ ـ قىيناپ ھەمىشە جاننى زار قاخشىتىپ كەلدى،
جىنايەت پاتقىقىغا كۈنسىرى چۆكۈپ پېتىپ كەلدى،
ئېشىپ خۇي ـ پەيلى ھايۋاندىن گويا تۇنگۇز قاۋان بولدى.

ئەزەلدىن ملىلتىم ئەركىن ياشاپ كەلگەن خەلق تۇرسا،
جىدامدۇ خۇددى ھايۋاندەك زۇلۇم ئاستىدا باشقۇرسا،
گۇناھكارمۇ سىزرۇشتۇرمەي سەۋەبسىز قامچىلاپ ئۇرسا،
نەگەر غىڭ ـ پىڭ دىسە شۇئان رەھىمسىزلەرچە باستۇرسا،
شۇڭا ئەلنىڭ غېمى تاغدەك، كۈنى ئاھۇ پىغان بولدى.

زوراۋانلار تەرىپىدىن يەر زېمىن مۇتلەق ئىگەللەندى،
خەلقىنىڭ پۇت قولى ھەتتا تولۇق زەنجىر كىشەنلەندى،
گويا قۇللۇق دەۋرىدەك پاجىئەلىك ھال شەكىللەندى،
لېكىن ئاچچىق ساۋاقىمىز بىر قەدەر چوڭقۇر يەكۈنلەندى،
رەقىپنىڭ قەستى تۇنگۇزدەك خەلققە ئاپ ـ ئايان بولدى.

كىچىك چوڭ ھەممە يوللارغا توزاق قاپقان قۇرۇلماقتا،
زەھەرلىك دورىلار ھە دەپ تومۇردا ماكدۇرۇلماقتا،
شۇڭا ئەلدە ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ھەم بۇزۇلماقتا،
قىرىپ ئەۋلادى مىللەتنى تۈگەتمەككە ئۇرۇنماقتا،
زەھەرلەشتى بۇ ئەبلەخلەر زەھەرنىڭ رو چايان بولدى.

بىلىم بولسا خەلقىنىڭ كۆزلىرى ئاندىن ئېچىلماتتى،
بىلىم بولسا ۋەتەنگە نۇر چىراق ئاندىن يېقىلماتتى،
بىلىم بولسا زۇلۇمنىڭ ئىشكىلىرى ئاندىن يېپىلماتتى،
بىلىم بولسا تېپىلماس نەرسىمۇ ئاندىن تېپىلماتتى،
مائارىپنى بوغۇپ قويغاچ خەلق ئاكىسىز نادان بولدى.

بۈگۈن قانۇن سىياسەتلەر پۈتۈنلەي ساختا يالغاندۇر،
ھەقىقەتنىڭ، ئادالەتنىڭ ماكانى خانۇ ۋەيراندۇر،
ھەقىقەت ئىزدىگەنلەرنىڭ بىتەھقىق جايى زىنداندۇر،
بىشەملىكنى بۇ تۇنگۇزلار ھەققى قولغا ئالغاندۇر،
خەلقىنىڭ دەردىگە ھەرگىز قۇلاق سالمايدىغان بولدى.

ئۈزۈلمەمدۇ بۇ ھالەتتە خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانى،
تۇرىۋەرسە ئاقىۋەتتە تۈگەپ كەتمەمدۇ دەرمانى،
ھاقارەتكە قېلىۋەرسە ئازاپلانمامدۇ ۋىجدانى،
ھەمىشە بۇلغىنىۋەرسە تۇرامدۇ دىلدا ئىمانى،
دېمەك ئىقبالى مىللەتنىڭ قارا زۇلمەت تۇمان بولدى.

كۆتەر باشنى ئەي ئۇيغۇر! سېنى خەقمۇ تونۇپ قويسۇن،
ئۇقۇڭدا جان بېرىپ دۈشمەن، جەھەننەمدىن ئورۇن ئالسۇن،
زۇلۇم زىندانلىرى ئەمدى بولۇپ گۇمران پاچاقلانسۇن،
ۋەتەنمۇ ئازلىنىپ ھەم مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلانسۇن،
ئازاتلىق ئىشقىدا بۇلبۇل چىرايى زەپىران بولدى......

## ئازاتلىق مارشى

سېيتىنسا لوقمان

ئەي مىللىتىم، ئەي خەلقىم ئويغان ئەنەي ئۇيقۇدىن ،
ئېچىپ كۆزۈڭنى باق جاھانغا ، كۆتەر سىنى ئادالەت .
قەددىڭ كېرىپ تۇر ئور نۇڭدىن ، قۇتۇل ھەپلەت ئۇيقۇدىن،
ئۈزگىن زۇلۇم زەنجىرىنى زاۋال تاپسۇن جاھالەت .

چالدى بۈگۈن پۈتۈن دۇنيا گۈزەل ھۆرلۈك سازىنى ،
قوغۇلما قېچۇن ئاغۇ سازغا تۈگكىن سەنمۇ پولات مۇش .
ئاتالمىسا ئىزىمىزجان ھەم تۈكۈلمەستىن ئىسسىق قان ،
كەتمەس باغدىن ياۋا تۈڭگۈز ھەم يوقالماس غۇم ھوقۇش .

تۈركىستاندۇر ـ ئەزىز ۋەتەن ئەڭ سۆيۈملۈك ئانىمىز ،
فاشىستلارنىڭ زۇلمىدىن قان يىغلايدۇ ئاھ ئۇرۇپ .
ياتامدۇق بىز قۇتقۇزماستىن شۇ زۇلمەتتىن ئانىنى ،
مۇتلۇق بوغرا ـ ئوغۇزخاندەك ئەجدادى بار پەرزەنت تۇرۇپ .

« ۋەتەن سۆيمەك ـ ئىماندىن » دەپ قىلدى ئاللاھ ھەممىتاپ
ۋەتەن ئۈچۈن جىھات قىلماق ، ئەڭ ئۇلۇغ ـ شەرەپلىك قەرز
قاغدەك مىڭ يىل ياشاشتىن بۈركۈتتەك ياشاپ بىر كۈن ،
ۋەتەن ئەلنىڭ بەختىچۈن جاننى ئاتاش ئەڭ پەرز .

كۆكتىكى ئۇچار قۇشمۇ قوغدار ئۆز ئۇۋىسىنى ،
بىز ئىنسان تۇرۇپ يۇرتىنى ئۇنۇتماق ئۇيات شۇنچە .
ئاشۇ ۋىجدان بۇرچىنى ئۇنتۇپ ۋەتەننى قۇل قىلىپ ئۆتسەك ،
ئۆچىرغايمىز بولۇپ ئاسى ئاللاھنىڭ قەھرىگە شۇنچە .

مەشئەل قىلىپ ئىماننى ، ئورغۇتۇپ ھەم ۋىجداننى ،
قەزەپ ئوتىنى ياقايلى قانغۇر قىزىل ھىتاي تەختىگە .
بەرسە ئاللاھ كۈچ ـ قۇۋۋەت يەتكەيمىز بىز مۇرادقا ،
ئويۇلتاشتەك ئويۇشۇپ يەڭ تۇرەيلى ئەتىگە .

# غەرب دۆلەتلىرى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا كۆڭۈل بۆلمەكتە

ئۆز خەۋىرىمىز: غەرب دۆلەتلىرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە يېقىندىن بۇيان ناھايىتى قىزىقماقتا. بۇنىڭغا ئەڭ كۈچلۈك ئىسپات شۇكى، 11 - ئاي ئىچىدىلا گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ، بېلگىيىنىڭ بىريۇسسېل ۋە گوللاندىيىنىڭ ئامستېردام شەھەرلىرىدە شەرقىي تۈركىستان تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە خەلقىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى توغرىسىدا خەلقئارالىق يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا خىتاي، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار



ۋە ئاخباراتچىلار قاتناشتى. ئۇلار يىغىندا ئېلان قىلغان ماقالە ۋە نۇتۇقلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي، جۇغراپىيىلىك ۋە ستراتېگىيىلىك ئورنى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى جەھەتتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ بۇ دۆلەتنى ھەر ۋاقىت پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بومبا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ۋەشۇمەۋەيتىن شەرقىي تۈركىستاندا يېقىندىن بۇيان، خىتاي دائىرىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭغا ئاتلىنىش ئېھتىماللىقى كۈنسايىن ئارتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى. ھەممەيلەن مۇنداق كۆرسەتتى، ئەگەر شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان قوراللىق قوزغىلاڭلارنىڭ سەۋەبى ھەل قىلىنمايدىكەن، ئۇ ھالدا، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ھەتتا، يېقىندىن مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ۋەزىيىتىدە مۇقىمسىزلىق بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى دەرھال توختىتىشى، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئەمەل قىلىشى لازىم.

11 - ئاينىڭ 31، 22، 23 - كۈنلىرى ئېچىلغان يۇقىرىقى يىغىنغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپ تېكىن تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى. ھەمدە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتى توغرىسىدا يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا مەلۇمات بەردى ۋە مۇنداق دېدى: «پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا يېقىندىن ياردەم بولغاندا، خىتاينى بېسقۇنچىلىق سىياسىتىنى توختىتىشقا، خەلقنىڭ ھەققانىي تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىش مۇمكىن».

يىپەك يوللىرىنى ئۇچراشتۇرغان قەدىمىي شەھەر. ئۇيغۇرلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان، ئۇيەردە مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ١٥٠ - ئەسىرگە كەلگەندە، قۇدرەت تاپقان ئۇيغۇر تۈرك قارخانىلار قارخانىلىقى قەشقەرنى ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى قىلغان.

لېكىن، بۈگۈن، كوممۇنىست خىتاي «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتىۋالغان مۇستەملىكە سىياسىتى ئارقىلىق ئۇ قەدىمىي يىپەك يولىدا چاقناپ تۇرغان ئىزىنى ئۆچۈرۈش مەقسىتىدە بۇ شەھەرنى چەكلەنگەن شەھەر قاتارىدا ئىدارە قىلماقتا. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئېلان قىلغان ماتېرىيالىغا قارىغاندا، خىتايلار يېقىندا، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆزىدىلا ١٥٥ كە يېقىن ئۇيغۇرلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن.

مەن تۈركىيە «ئا.ت.ۋ» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەۋەرچىلىك بۆلۈمىنىڭ خادىمى. يېقىندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى، قەشقەر شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلدىم. زىيارەت ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە روھىي ھالىتىدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاتالمىش «جۇڭگودىكى مىللەتلەر پۈتۈنلەي باراۋەر، چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا دۆلەت ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ» دېگەن يۈز ئابرۇيلار بىلەن ئالداپ ئىدارە قىلىدىكەن، يەرلىك مۇسۇلمان تۈركىي خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ھېچقاچان ئېتىبار بەرمەيتۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈلگەن ۋەھشىيانە سىياسەتلەرنى ھەرگىز مۇۋەققەتلىك سىياسەت دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. كوممۇنىست خىتاينىڭ دېكتاتورا ئورگانلىرى ئۆزلىرىنىڭ دېكتاتورلۇق ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئەمەس، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىجرا قىلىدىكەن. دۆلەت، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا يەرلىك مۇسۇلمان تۈركىي مىللەتلەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ ياكى ناھايىتى ئاز ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. يەرلىك خەلق ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى، پىكىرلىرىنى ھۆكۈمەتكە ئېلىپ بارالمايدۇ. بىگۇناھ خەلقنى خىتاي ھۆكۈمەت خادىملىرى بوزەك قىلىدۇ، زوراۋانلىق قىلىپ ئاتالمىش رەسمىيەتسىز ھۆكۈمەتكە قارشى چىقتىڭ، دەپ قولغا ئالىدۇ. ئۇلارنى ئۆز ۋەتىنىدە، ئىنتايىن زور ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇرلاپ، نەپەس ئالدۇرمايدۇ.



Gazete Sahibi
ARSLAN ALPTEKİN
Genel Yayın Koordinatörü
ŞAHHALİL BOZKURT
Gazete Adresi:

گېزىت باشلىقى: ئارسلان ئالپ تېكىن
باش مۇھەررىر: شاخەلىل بوزقۇرت
گېزىتنىڭ تۈركىيە ئىستانبولدىكى ئادرېسى:

Ataköy 4. Kısım T.O. Blok No. 89/5
İSTANBUL - TURKEY Tel.: (0212) 559 83 21.

Yayınlanan yazıların sorumluluğu yazarlarına aittir. Gönderilen yazılar yayınlansın veya yayınlanmasın iade edilmez. İsim zikredilmeden iktibas edilemez

ئىزاھات: گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلار ئۆزىدە، تەھرىراتتىن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاب بېرىلمەيدۇ.

# خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇرلارنى نەپەس ئالدۇرمايۋاتىدۇ

(تۈركىيە «يېڭى يۈز يىل گېزىتى»نىڭ 1996 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى ماقالىسى). ئاپتورى: جۇشقۇن ئارال.

قەشقەر - تارىختا نۇرغۇن مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنى، تارىخىي